

هەي ڤىرۆس،
مەندىن يىراق تۆر!
مەنبە: قصص و حكايات بالعربي


ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم:
سۆيۈملۈك دوستلار! مەن
ئۇيغۇرلار ئىچىدىن يېتىشىپ
چىققان مېدىتسىنا دوكتورى
ئەنۋەر ئەمەت. مەن تۆۋەندە
سىلەرگە ئىنتايىن مۇھىم بىر
ئىشتىن خەۋەر بەرمەكچىمەن.

يېقىندا دۇنيانىڭ ھەرقايسى دۆلەت ۋە شەھەرلىرىدە يۇقۇملۇق
خىتاي ۋىرۇسى كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى. بىز ئۇ ۋىرۇسقا
تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بارچە
كۈچىمىز بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىمىز.



ۋىرۇس ناھايىتى كىچىك باكتېرىيە بولۇپ، ئۇ قولىمىزغا چاپلىشىۋالسا ئۇنى كۆرەلمەيمىز.



ۋىرۇسنى كىچىك نەرسىلەرنى چوڭايتىپ كۆرسىتىپ
بېرىدىغان مىكروسكوپ بىلەنلا كۆرەلەيمىز.




بىز سىرتلاردا ئويناپ يۈرگەن ۋاقىتلاردا ۋىرۇسلار ئەتراپىمىزدىكى نەرسىلەرگە يۇشۇرۇنۇۋالغان بولىدۇ، بىلمەستىن ئۇ نەرسىلەرنى تۇتقىنىمىزدا ۋىرۇس بىزنىڭ قوللىرىمىزغا چاپلىشىۋالىدۇ، بىز قولىمىز بىلەن يۈز-كۆزلىرىمىزنى ۋە ئاغزىمىزنى تۇتقاندا ۋىرۇس بۇ ئەزالىرىمىز ئارقىلىق بەدىنىمىزگە كىرىۋالىدۇ.



ۋىرۇس بىزنىڭ ئەڭ خەتەرلىك دۈشمىنىمىز، ئۇ بىزنىڭ ساغلاملىقىمىز ۋە تىنچلىقىمىز ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك زىيان-زەخمەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇ بەدىنىمىزگە كىرسە بىزنى دەرھال كېسەل قىلىپ قويىدۇ.












بىز قولىمىزنى يۇيماستىن تاماق يېسەك ۋىرۇس يېگەن تاماقلىرىمىز بىلەن ئارىلىشىپ بەدىنىمىزگە كىرىۋالىدۇ.

بىز قولىمىزنى سوپۇنلاپ يۇيۇش ئارقىلىق ۋىرۇسنىڭ بەدىنىمىزگە
كىرىشىنى توسۇپ قالالايمىز.



قولىمىزنى سوپۇنلاپ يۇيساق ۋىرۇس ئۆلۈپ تۈگەيدۇ.

سۆيۈملۈك دوستلار! ۋىرۇسقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن پات-پات قولۇڭلارنى يۇيۇپ تۇرۇشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭلار، بىز مۆرىنى-مۆرىگە تىرەپ، ۋەتىنىمىزدە تارقىلىۋاتقان بۇ يۇقۇملۇق ۋىرۇسقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بىرلىكتە كۈچ چىقىرايلى.

